# توردا بىخەتەر ئويۇن ئويناش

**تور ئويۇنلىرى بالىلار ئۈچۈن ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋە دوست تۇتۇشىغا ياردىمى بار.**

لېكىن ئۇنىڭمۇ زوراۋان (چېكىدىن ئاشقان) مەزمۇنلارنى كۆرۈش، بوزەك بولۇش ياكى ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش دېگەندەك خەتەرلىك تەرەپلىرىمۇ بار.

لېكىن بىز يەنىلا ئامالّلار قىلىپ بالىلىرىمىزنىڭ توردا بىخەتەر ئويۇن ئوينىشىغا ياردەم قىلالايمىز.

## بالىڭىزغا قانداق ياردەم قىلىسىز

بالىلارنىڭ ئۆسكۈنىسىدىكى ياكى ئويۇندىكى تەڭشەكلەرنى نامۇۋاپىق مەزمۇنلارنى توسىدىغان ۋە بالىلارنى ئويۇندا نەرسە سېتىۋالالمايدىغان قىلىپ تەڭشەپ قويۇڭ.

بالىلارمۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئاشكارىلىماي، ئۇنىڭ ئورنىغا تور ئىسمى قوللىنىشى كېرەك ۋە تېپىش تەس بولغان مەخپىي نومۇرلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

## ساغلام ئويۇنلارنى ئويناش

بالىلىرىڭىز بىلەن بىرلىكتە ئويۇن ئويناپ، ئۇلارنىڭ قانداق ئويۇنلارنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىڭ. بۇنداق قىلىشنىڭ يوشۇرۇن خەۋپلەرنى بايقىشىڭىزغا ياردىمى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سىز يەنە:

- بالىلىرىڭىزنىڭ كىملەر بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقانلىقى ۋە قانداق ئويۇنلارنى ئويناۋاتقانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.
- ئويۇن ئويناش ئادەمگە ئۇتۇق تۇيغۇسى بېغىشلىسىمۇ، لېكىن بالىلىرىڭىز ئۈچۈن شۇنىڭغا ئوخشاش ئىجابىي تەسىرات قالدۇرىدىغان باشقا ئۇسۇللارنى ئىزدەپ سىناپ بېقىڭ.
- ئەگەر بالىلىرىڭىزنىڭ ئويۇن ئوينىشى توغرىسىدا ئەنسىرەپ قالسىڭىز، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىڭ. سىز تۆۋەندىكى مەسلىھەت مۇلازىمىتىدىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ: **بالىلار ياردەم لىنىيەسى** ياكى **ئاتا-ئانىلار ياردەم لىنىيەسى**.

## مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

بالىلار بىرەر نەرسىدىن ئەنسىرىسە ياكى بىرەر ئىش ئۇلارنى بىئارام قىلسا، مەسىلەن، بىرەيلەن نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلسا ياكى ئۆي ئادرېسى دېگەندەك شەخسىي ئۇچۇرلارنى سورىسا، بالىلارغا بۇ ئەھۋاللارنى سىزگە ئېيتىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ.

بالىلارغا بوزەك بولۇش، ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇچراش ياكى خورلىنىش قاتارلىقلارنىڭ خاتا ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ. **eSafety كۆرسەتمىسى** ئارقىلىق خورلىنىشنى مەلۇم قىلىڭ. ئەگەر ئويۇن سۇپىسى ياردەم قىلالمىسا **eSafety بىلەن ئالاقىلىشىش** ئارقىلىق توغرا ياردەم ئۇسۇلىنى ئىزدەڭ.



ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ توردىكى بىخەتەرلىكى ھەققىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى بىزنىڭ تور بېكىتىمىزدىكى **eSafety Parents** دىن كۆرۈڭ.